غۇلجا شەھەر

# تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشى غ ش كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

# غۇلجا شەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى

## 2

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى غ. ش
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

مۇقاۋىنى ما ۋىنيۈەن ئىشلىگەن.

伊宁市文史资料第二辑

（维文）

伊宁市政协文史资料委员会编

准印证：（新出）字第1834号

伊犁日报社印刷厂印刷

一九九四年九月出版

（内部发行）

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

## مۇندەرىجە


ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى ھەققىدە بايان ......... ياڭ فىنچۇن 1

ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىمدىن ئەسلىمە ........................................ خەن شىلياڭ 34

غۇلجىنىڭ سودا تارىخىدىن قىسقىچە بايان ............... 50

غۇلجىنىڭ مائارىپ تارىخىدىن قىسقىچە بايان ............... 71

غۇلجا، سۈيدۇڭ مائارىپ تارىخىدىن قىسقىچە بايان ........................................ ليۇ چاڭكې 92

ئىلىدا خۇيزۇلار مەدرىسى تەلىم - تەربىيىسىنىڭ باشلىنىشى ........................................ ما يۈلىن 97

«ياردەم مەكتەپ»نىڭ سېلىنىشى ۋە ئۇنىڭدا روي بەرگەن يېڭىلىقلار ھەققىدە قىسقىچە ئەسلىمە ...... قۇربان ھېلىم 103

غۇلجا شەھەرىدىكى تۇنجى قازاق مەدرىسى

— ئۇنى سالدۇرغۇچى دارۇباي توغرىسىدا ................................ بوراش ئىشىنتايېۋ 114

شەرقنىڭ يۇلتۇزى ئەلىيورۇق ئەمەس دەپ كىم ئېيتىپتۇ؟

— ئەلىكىتىمىزنىڭ تۇنجى ئەۋلات ۋالىبول چولپىنى مالىك ھەققىدە خاتىرە ........................ چولپان 138

ۋەتەنپەرۋەر زات ماجىڭسەي (ماخاجىم) ھەققىدە ئەسلىمە ..........ماقالىنى ماشۇتيەن بەرگەن، يۈسۈپ رەتلىگەن 147

غۇلجا شەھىرىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ھەققىدە قىسقىچە
ئەسلىمە .............................. ئابدۇقادىر ئاخۇنباي 154
ئىلىنىڭ 40- يىللار ئالدى ۋە كەينىدىكى خەلق ئەدەبىي-
سەنئەت پائالىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان......ماۋېنيۈەن 168
ئىلى يەكلىكلىرىنىڭ تەختى - ئوردا مەھەللىسى .......... 187
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى غۇلجا شەھەرلىك كومىتېتى،
شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت
كېڭىشى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمىلىك خاتىرىسى ............ 193

# ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى ھەققىدە بايان

ياڭ فىنچۇن

مۇندىن 40 يىل مۇقەددەم باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى، تارىخ دەرسلىكى يوق بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىمىز جاۋ رۇي ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تارىخى ئەھمىيىتىدىن خېلى ۋاقىتلارغىچە دەرس ئۆتتى، بۇ ماقالىنىڭ كۆپ قىسمىغا ئەنە شۇنى ماتېرىيال قىلدىم. جاۋرۇي بۇرۇن ئەمەلدا شە بياۋ كاتىپ (ھازىر دىۋىزىيىگە باراۋەر ھەربىي ئورۇننىڭ كاتىپى) خىزمىتىدە بولغان. ئىلى ئىنقىلابىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. كۆپ يىغىنلارغا قاتنىشىپ يىغىن خاتىرىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن يازغان. ئىلى ئىنقىلابى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەكتىپىمىزگە كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. 1916 - يىلى كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان.

جاۋ رۇي ئىلى ئىنقىلابىنىڭ جەريانلىرىنى خېلى تەپسىلىي سۆزلىگەنىدى. كېيىنچىرەك ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانمۇ بولدۇم. مەسىلەن خۇ بىيلىن، ياڭ شاڭجو (ھەربىي دوختۇر ئىدى) ۋە دى - ۋاتەي (ھەربىي تەييارلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەكتىپىمىزگە ئوقۇتقۇچى بولغان) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئاغزىلىرىدىنمۇ.

ئاڭلىغانىدىم. يەنە بىر قىسمىنى «ياڭزېڭشىنىڭ ئۆتكەن ئىشلار خاتىرىسى» دىن كۆرۈۋىدىم. بۇ 40 يىل بۇرۇن ئۆتكەن ئىشلار بولغاچقا، ئەستە ساقلاش خېلى تەسكەن، چۈشۈرۈپ قويغان، خاتا ئەسلىنىپ قالغان جايلىرىنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ. كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

شىنجاڭدا گېلاۋخۇيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى.

گېلاۋخۇيىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى زو – زۇڭتاڭ خۇنەن ئەسكەرلىرىنى شىنجاڭغا باشلاپ كەلگەندىن كېيىن باشلاندى. ئەينى چاغدا، چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى ھەر قايسى ئۆلكە خۇنەنلىك ئەسكەرلەر ياكى خۇايخې دەرياسىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدىكى ئەسكەرلەر ئىچىدە گېلاۋخۇي تەشكىلاتى بولغانىدى. شۇڭا، خۇنەنلىك ئەسكەرلەر شىنجاڭغا كېلىپلا نەگىلا بارمىسۇن شۇ يەردە گېلاۋخۇي تەشكىلاتى پەيدا بولدى. دەسلەپ خۇنەنلىك ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن ئەسكەرلەر ئىچىگە تارالدى. ھەربىي ساھەدىن سىياسىي ساھەگە ئاندىن ئىشچى – دېھقان، سودا، مەكتەپ كەسپسىز سەرگاندىلار بىلەن لۈكچەكلەر ئىچىگىمۇ تارالدى. گېلاۋخۇيىنىڭ نامى ئوخشىمايتتى. مەسىلەن: ئۈرۈمچىدە «دىلوڭ سەنتاڭ»، ئىلىدا «شىن مىن سەنتاڭ»ۋە باشقا جايلاردا ئوخشىمايدىغان ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان سەنتاڭلار پەيدا بولدى. ئەمما، چىڭ خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇش بۇلارنىڭ ئورتاق مەقسىتى ئىدى. مانجۇ، شىبە، سولون مىللەتلىرى بۇ تەشكىلاتتا بولمىغاندىن سىرت باشقا مىللەتلەرنى تەركىب ،ساھەئايرىلماستىن تەشكىلاتقا بىردەك قوبۇل قىلاتتى. مەخپىي ھالدا ئىتتىپاقلىشىش،

ۋاپادارلىقتا ئەھمىيەت بېرىش، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش بۇ تەشكىلاتنىڭ تەشەببۇسى قىلىنغانىدى. بۇ تەشكىلات ئەتراپىغا كۆپلىگەن ئىشچىلاردىن يىغىلغان بولۇپ، ئەگرى تاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنىڭ ھەر يېرىدە كىلاۋخۇي تەشكىلاتى پەيدا بولغان. ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىپ ئىيۆزىگە كۆپ ئەزا قوبۇل قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىش ئۇسۇلى: 7 - 8 ئادەم جەم بولۇپ ھېكايە ئېيتىپ رومان ئوقۇيتتى. ناخشا - غەزەل ئوقۇپ، ئۆز ئارا ئەھۋال ئۇقۇشاتتى. ئاخىرىدا مەخسۇس بىر كىم بۇ ئۇقۇشۇلغان ئەھۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئوقۇيدىغان رومانلىرى، لياڭ سەنبو، ۋاڭ گاڭسەي، بەش كىچىك مەرت دېگەن كىتابلار بولۇپ، شايتۇلاۋق باغدا قول بېرىشكەندەك ۋاپادار بولۇش، لياڭ گەن تەشكىلاتقا ئوخشاش بولۇش، ۋاڭ گاڭ ھەيۋىسى بولۇش قاتارلىق تەشەببۇسنى بولغا قويغانىدى. كىلاۋخۇينىڭ خۇيپيانە يان تاياقلىرى جىق، پاكالىيەت ئىقتىدارى چوڭ، بۇزغۇنچىلىق يۈرگۈزىدىغان ۋاستىلىرى كۈچلۈك ئىدى. مەسىلەن: ئىلى ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ جان پىدا قىلىشنى ئۇلۇغ ئىشلاردىن ھېسابلايتتى. كىلاۋخۇيچىلار دىخۇا (ئۈرۈمچى)، ئىلىدا تىرىكىشۋاتقان چاغدا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىلاۋخۇيچىلار ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىش قوزغاپ، ئىلى تەرەپ بىلەن خۇيپيانە ئالاقە باغلاپ، ئۈرۈمچىگە قارشى ئىش ئېلىپ بارغان. شىنجاڭنىڭ گوبېرناتورى يۈەن- داخۇا بۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەيلىشىپلا يۈرۈدۈەردى. بىردىن شەپە چىقمۇندى يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى باشقا بىر-

سىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىۋېتىپ ئىچكىرىگە ئىلگىرىلەشكە مەجبۇر بولدى. گىلاۋخۇيىنىڭ داغ - دۇغىسى ئۆزىدىن مەلۇم تىنۇ- رۇپتۇ، دەسلەپ ئىلى ئىنقىلابىغا يارىدەم قىلىپ، مەنچىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئارقىدىن ياڭ زىڭشىڭغا قارشى تۇرۇپ 7—8 يىل كۈرەش بۇرگىزدى. ئەمما، ئاخىرىدا كېلىپ ياڭ زىڭشىڭنىڭ باستۇرۇشى بىلەن ئۆچۈق- تۇرۇۋېتىلدى.

قوزغىلاڭ ئالدىدىكى تەييارلىق.

مانجۇ مىللىتىدىن بولغان چاۋگىلىڭ ئىلى گېنىرالى بولۇپ تۇرغاندا، ھەربىي قوشۇن چېرىكلىشىپ كەتكەن. چېگ- رىنى مۇستەھكەملەش، ساقلاش مۇمكىن بولماي قالغانلىقىنى سېزىپ، قوشۇننى رەھلاندۇرۇش ئويى بىلەن كۈرەدە ھەربىي تەييارلىق مەكتەپ ئېچىپ، (كۈرە ئىلى جاڭجۇنى تۇرۇشلۇق جاي — ت) مانجۇ ياشلىرىنىلا قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدا چىڭ ئوردىسىغا ئىلتىماس سۇنغان. ئارقىسىدىن يەنىۋاڭ قوشۇنى خۇبېي 24 - بىرىگاۋ (دېۋىزىيىگە باراۋەر ئەس- كىرىي قىسىم — ت) نى يۆتكەپ كېلىشكە ئىلتىماس سۇنغان. قوشۇن ياڭ - زەنشۈي باشچىلىقىدا ئىچكىرىدىن چىقىدۇ. ياڭ - زەنشۈي ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن قۇرۇقلۇق قوشۇن شەتوگى (كورپۇسقا باراۋەر) بولىدۇ. ياڭ زەنشۈي ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن چاغدىلا تۇڭ مېڭخۇي (ئىتتىپاقچىلار جەمئىيىتى) گە قاتناشقان. ۋەتەن- گە قايتقاندىن كېيىن چىڭ ئوردىسىنىڭ مەگسۈدە بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىنقىلاب ئۈچۈن يوشۇرۇن كۈچ چىقار-

غان. ئۇ، ۋۇخەندىكى چېغىدا، ياپونىيە جىڭخۇيداڭچىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. جىڭخۇيداڭ تاشكارىلىنىپ قالغاندا، ئۇنىڭ ئەزالىرىدىن بولغان فىلىڭ تىيەن، فىلىڭ داشۇ، خاۋ كىيچۇەن قاتارلىق كىشىلەرنى چىڭ ئورۇدىسى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىۋاتقاندا، ۋۇخەندە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا مۇمكىنچىلىكى بولماي قالغان ۋاقتى — ياڭ زەنشۇينىڭ ئىچكىرىدىن ئالىمغا چىقىدىغان پەيتىگە توغرا كېلىپ قالىدۇ. دې چاغدا فىلىڭ تىيەن قاتارلىق كىشىلەر ياڭ زەنشۇي بىلەن يوشۇرۇن كېلىشىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يىراق جايغا كېتىپ باشقىدىن ئىش كۆرمەكچى بولىدۇ. ياڭ زەنشۇينىڭ چېگرا رايونىدا ئۆز ئىشىنى ئېلىپ بېرىش نىيىتى بولغاچقا فىلىڭ تىيەن، فىلىڭ داشۇ، خاۋ كىيچۇەن، لى ياچۇن قاتارلىق 10 نەچچە ئادەمنى ئەسكەرلىرىگە قوشۇپ ئۆزى بىلەن بىرگە ئالىمغا ئېلىپ چىققان. شۇندىن كېيىن ئىنقىلاب كەيپىياتى تارقىلىشقا باشلىغان. ياڭ زەنشۇي ئالىمغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە يېڭى — كونا بارگاھ ئەسكەر — چېرىكلىرىدىن باشقا، جۇنبىياۋ (دېيۇدزىيە دەرىجىسىگە باراۋەر تۈزۈلمە) جىلىڭ بىياۋ (مۇھاپىزەت قىسىم تۈزۈلمىسى) يېشىل تۇغ بىنەرگاھ ئەسكەر — چېرىكلىرى ۋە ھەر قايسى خوشۇن قىسىملىرى بولۇپ، بىر قانچە ئون مىڭدىن ئوشۇق ئەسكەر — چېرىكلەرنىڭ كۆپلىكىنى، غەرب تەرىپىدە چاررۇسىيە جاھانگىرلىرى چېگرىدا كۆپ ئەسكەر تورغۇزۇپ كۆز تىكىپ تۇرغانلىقىنى، ناگاھاندا ئىنقىلاب قوزغالسا توغرا كەلسە شەرق ھەم غەرب تەرەپلەردىن ھۇجۇمغا دۇچ كېلىپ، ئارقىدىن زەخىملىنىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۆزە چاغلاپ ئىش قىلىشقا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى

يېتىپتۇ. شۇنىڭدەك ئەلىمىزدە مىللەتلەر مەسىلىسى مۇرەككەپ
خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز،
شىبە، سولون مىللەتلىرىدىن باشقا يەنە چەت ئەل پۇقرالىـ
رىنىڭ كۆپلىكى، ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈلمىسە، تەشكىلات
مەخپىي بولمىسا، ھەر تەرەپ بىلەن بولىدىغان ئالاقە ياخشى
ئورنىتىلماي ئىنقىلاب بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىدىغان بولسا،
كۆپ قىيىنچىلىققا يولۇقىدىغانلىقىنى سېزىپتۇ. يالڭ زەڭشىۋي
ئۆز ئادەملىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەر قايسى خوشۇن،
ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا ئۆز ئادەملىرىنى خۇپىيانە ئورۇنلاشـ
تۇرۇپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەت قىلمىشىنى، خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭـ
غۇل يېزىقلىرىدا «ئەلىي ئامىباپ تىل گېزىتى» چىقىرىپ،
مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىتىپ ئىنقىلابىي تەشۋىقاتنى ئېلىپ بې
رىش قارارىغا كېلىپتۇ. فىلىڭ تىسىن، لى ياچۇەن، لى بەيسەن،
بىياۋلارغا خۇنەن، خۇبېي، شەنشىلىك ئەسكەرلەر بىلەن ئالاقە
باغلاپ، فىلىڭ داشۇ ئارقىلىق ئىلىدىكى خۇيزۇ، ئۇيغۇر مۇ-
سۇلمانلىرى ۋە يېشىل تۇغ بارگاھ چېرىكلىرىنى ئىنقىلاب تەـ
رەپدارلىرىدىن قىلىپ ئىنقىلابنى قوللايدىغان قىلىشنى تاپشۇ-
رىپتۇ. گېلاۋخۇيىنىڭ ئىلىدىكى ھەر قايسى جايلىرىدا يوشۇرۇنـ
غان كۈچلىرى، ھەر قايسى بارگاھ، ئىسسىدارە، ئورۇن، ھەر
مىللەت ئامىسى ئىچىدە مەخپىي تەشكىلاتى بارلىقىنى بايقاپ،
فىلىڭ تىسىننى گېلاۋخۇي بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتىپتۇ،
گېلاۋخۇي مەنچىڭگە قارشى تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇلار ئۆچـ
چىرىشىش بىلەنلا ماقۇل كېلىشىپتۇ. گېلاۋخۇيىنىڭ كاتتا بېشى
سىچۇەنلىك شۇ سەنتەي دېگەن ئادەم ئىدى. ئۇ، ئەسلىدە
«شىن مىن سەنتائۇ» نىڭ خوجايىنى بولۇپ، يەنجاڭ تۆۋرىسى



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئاتىلاتتى. ئىلمنىڭ ھەر قايسى بىرگاھ، ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئەسكەرلەر گىلاۋخۇيچىلاردىن ئىدى. ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەر ئىچىدىمۇ گىلاۋخۇي ئەزالىرى بار. شۇ سەنئەتي ئىلمىدا زور تەسىرى كۈچكە ئىگە ئىدى. شۇڭا ياڭ زېنشۇي شەنتوڭ قوماندانى نامى بىلەن پىدايىلار تۈەنسىنىڭ تۈەنجاڭلىقىغا يوشۇرۇن تەيىنلەپ، خۇپيانە ھەرىكەت قىلىشنى، بۇيرۇق كۈتۈپ، پۇرسەت كەلگەندە قوزغىلىشنى تاپشۇرىدۇ. شۇندىن باشلاپ گىلاۋخۇيمۇ تەدرىجى ھالدا ئىنقىلاب كۈچى بولۇپ قالىدۇ.

ئەينى چاغدا خۇيزۇلارنى ئىنقىلابقا رىغبەتلەندۈرۈش خېلى قىيىنغا چۈشەتتى. خەنزۇلار بىلەن خۇيزۇلار ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت ساقلانغان بولۇپ، بىر-بىرىگە ئىشەنمەيتتى. ئاداۋەت ئۇزۇندىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ فېئودال مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق كەلتۈرۈپ چىققان دۈشمەنلىك بولۇپ، مىللىي ئارازلىق كۈچلۈك ئىدى. فىڭ داشۇ غۇلجا شەھىرىدىكى شەنشى-گەنسۇلۇقلار مەسچىتىگە بېرىپ، خۇيزۇلارنى يىغىپ، سۆھبەتلەشكەندە، مائەرلويە (خۇيزۇ تۆرە)، خەنزۇشۇ قاتارلىق كىشىلەر فىڭ داشۆگە يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ سوئال قويۇپ: «خۇيزۇلار زۇلۇمغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، جاندىن كېچىپ ھەر قېتىم مەنچىڭگە قارشى قوزغىلىپ كۆرەش قىلغاندا، نەتىجىسى نېمە بولدى. بۇ كۆرەش قوزغىلاڭلارنى خەنزۇ ئەسكەرلىرى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ خۇيزۇلارنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى. يۈننەنلىك دۇ ۋېنشۇ، مەنچىڭغا قارشى قوزغىلىپ، 40 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن تەشكىللەشتۈرۈپ، شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، مەنچىڭ-

ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، تىرە - پىرەڭنى چىقارغاندا، خەنزۇ
ئەمەلدارلار خۇيزۇ پۇقرالىرىنى ھەدەپ ۋەھشىيانە قىرغىن
قىلدى. شەنشىلىك بەيىيەنخۇ، گەنسۇلۇق ماخۇالۇڭ، شىنجاڭ
لىق تو مىن قاتارلىق ئادەملەر ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلىپ
چىقىۋىدى، خەنزۇ ئەمەلدارى بولغان زوزۇڭتاڭ، ليۇ جىنتاڭ
غا ئوخشىغان بىر نەچچەلەر قاتتىق قىرغىن قىلدى. ئالدىمىزدا
ئۆتكەن بۇ ئىشلار بىزگە ئىبرەت بولغانىدى، بۇ ئىشلار ئېيت
ىمىزگە كەلسە قاتتىق ئازابلىنىمىز، شۇڭا سۆزىمىزگە ئىش
ەنگىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. بۇ خۇسۇسىدا فىلىك داشۇ يىپىش
لاپ سۆزلەپ، چۈشەندۈرۈپ، خۇيزۇلارنى قىرغىن قىلغان خەن
زۇ ئەمەلدارى زوزۇڭتاڭ، ليۇ جىنتاڭغا ئوخشاش بىر نەچچە
لەر چىڭ خاندانلىقىنىڭ غالچىلىرى، خەنزۇلارنىڭ خائىنلىرى،
فوجىسىنىڭ ئەمرى بىلەن غالچى ئادەم ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ جى
نايى قىلمىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش ئەلۋەتتە تېگىشلىكتۇر، ئەمما
چىڭ ئوردىسى بۇنىڭ فوجىسى بولغان بولسىمۇ، خۇيزۇلارنى
قىرغىن قىلغان دەرۋەقە خەنزۇ ئەمەلدارلىرى بولدى.
ھالبۇكى خەنزۇلار ئىچىدە بۇنداق ئەھۋال بولمىدىمۇ. مەسى
لەن: تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭى، چىڭ ئوردىسىغا قارشى
ئون يىلدىن ئوشۇق كۆرەش ئېلىپ باردى. خەنزۇلاردىن
چىققان زىڭ گوفەن ئۇلارنى يوقاتتى، خەنزۇ پۇقرالىرىنى
ھەدەپ قىرغىن قىلدى. خۇيزۇلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ كەچۈر-
مىشلىرى ئوخشاش بولدى. ھالبۇكى خۇيزۇ، خەنزۇ مىللەتلى
رى ئەزەلدىن چىڭ ئوردىسىنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچراپ كەل
دى. بىزنىڭ تەقدىرلىرىمىز ئوخشاشتۇ. ئىنقىلابنىڭ بۈيۈك ئىش
لىرىدا بىر - بىرىمىزگە مەدەتكار بولساق بولىدۇ. دېگەن

كەپ - سۆزلەر بىلەن قايىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇيزۇ-
لار ئىنقىلابقا ئاۋاز قوشۇپ، ئىنقىلابىي ئورۇشنىڭ ئالدىنقى
سېپىگە بېرىپ، جەڭگە بىۋاسىتە قاتنىشىدۇ. بۇ چاغدا ئۇيغ-
ۇرلاردىن ھېكىمبەگ غوجا سەككىز يېزا دېھقانلىرىنى باش-
لاپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئىنقىلابقا ياردەم
بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چۆچەك تۇڭگان سودى-
گىرى مۇسەيىن باي، ياقۇپ باي ئىنقىلابقا ھەمدەم بولۇپ
ئۆتۈك، ئىگەر - جابدۇق ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەر ئارقى-
لىق ئەسكەرلەرگە ياردەم بېرىدۇ.

ياڭ زەنشۈي ھەر جەھەتتىن بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىر
نەچچە يىل تەشكىللەشتۈرۈش ئارقىسىدا مانجۇ، موڭغۇل، خو-
شۇت ئەسكەرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىنقىلاب شەرت - شا-
رائىتى كۈندىن - كۈنگە پىشىپ يېتىلىدۇ.

ئىلىدا ئىنقىلاب جىددىي تۈس ئېلىۋاتقاندا، چىڭ
ئوردىسى گۇاڭ فۇنىڭ ئورنىغا جى رۇينى (چاڭ گىڭ شەن-
شى، گەنسۇ گوبېرناتورى ئەملىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن
ئىلىغا گۇاڭ فۇ جاڭجۇن بولۇپ تەيىنلەنگەن — ت) ئىلى
جاڭجۇنى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. جى رۇي خۇي - پەيلى يامان،
ئاچ كۆز، ۋەھشىي ئادەم ئىدى. ئۇ ئىلىغا يۆتكىلىپ كەلگەن
چاغدا، چاڭجاڭ ۋادىسىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەردە ۋەزىيەت
ئۆزگەرگەن خەۋەر ئىلىغا يېتىپ كېلىپ، خەلق ئەنسىزچىلىككە
چۈشكەن چاغ ئىدى.

ئىلىدىكى نە بىياۋ قوشۇن خوبېيدىن يۆتكەپ كېلىنگەن
بولغىنى ئۈچۈن، جى رۇي بۇنىڭدىن بەكمۇ گۇ-
مانلاندى. ياڭ زەنشۈي باشچىلىقىدىكى قوشۇننى تامام تار-

قىستىۋېتىشىنىڭ كويىغا چۈشسۇن، ئەمما بۇنىڭغا باھانە تاپال-
ماي يۈردى. شۇنىڭدەك ئۆزگىرىش چىقىرىشىدىنمۇ ئەنسىرەيت-
تى. شە بىياۋىيىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ھەربىي تەييارلىق مەكت-
ىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدا بۇ چاغدا جىدەل چىققىنى،
ھەر ئىككى تەرەپ قوللىرىغا قوراللارنى ئېلىشتى.
بۇ ۋەقە جى رۇيىگە ياخشى باھانە بولدى - دە، ئاۋۋال
شە بىياۋىيىنىڭ مەشق قىلدۇرىدىغان ئوق - دورىلىرىنى بەر-
مەي تۇتۇپ قالدى. ئارقىدىن پىتنە چىقىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىشنى سەۋەب قىلىپ، شە بىياۋ قوشۇن قارمىقىدىكى ھەر
قايسى يىلقا، تۈمەن ئەپەندىلەرنى بىلەن ئەسكەرلىرىنى تامامەن
تارقىتىۋېتىش، تۈركۈملەرگە بۆلۈپ ئىچكىرىگە قايتۇرۇۋېتىش ھەققىدە
يالڭ زەنشۈيگە بۇيرۇق چۈشۈردى. كۆرۈنۈشتە يالڭ زەنشۈي
ماقۇل كۆرگەندەك بولۇپ، جاڭجۈن مەھكىمىسىگە كېلىپ، قايت-
تۇرۇلىدىغان ئەسكەرلەرگە يول خىراجىتى بېرىش ۋە قايتۇ-
رۇش چارىسىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىدۇ.
ئۆزىنىڭ شۇ ئويدا ئىككەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، تاپشۇرۇق بېجىر-
ىلىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، جى رۇيىنىڭ ئۆزىگە بولغان
گۇمانلىرىنى خالاس قىلىدۇ.
يالڭ زەنشۈي قايتىپ كېلىپ ئۆز پارتىيىسىدىكىلەرنى
چاقىرىپ مەخپىي مۇزاكىرە قىلدى. بۇنىڭغا ھەممەيلەن ۋەزى-
يەت جىددىي، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش
ئويىدا ئىككەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھەممە قورال - ياراق كەم،
ھەل قىلىش مەنبە بولمىغانلىقىدىن تەشۋىشلىنىدۇ، بۇ جەھەت-
تە فىلىق تىمىسى، لى ياچۇنلەر بار كۈچى بىلەن ھەرىكەت
قىلىپ، جەنۇب ئىسكىلات خادىملىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئەم-

ئىنقىلابقا قاتناشتۇرماقچى بولىدۇ.

بۇ ئىسكىلاتتا خېلى كۆپلىگەن يېڭى ئىستېمكى قورال ـ ياراق بار ئىدى. شۇڭا، جەنۇب ئىسكىلات خادىملىرىغا ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ، ئىچكىرىدە يۈز بەرگەن قوزغىلاڭ ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ، ئىسكىلات مەسئۇلى خۇۋاڭ لىيېجۈننى قايىل قىلىش بىلەن ئىنقىلابىي پارتىيىگە يوشۇرۇن قوبۇل قىلىدۇ. ھەم ۋاقتى كەلگەندە ئىسكىلاتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى كېلىشىدۇ. ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆز كىشىلىرىنى غۇلجا، سىمۇيىدۇڭ، تارجى، چىلپەنزە قاتارلىق جايلارغا يوشۇرۇن ئەۋەتىپ، شۇ جايدىكى خەلق ۋە ئەسكەرلەر ئىچىدە ھەرىكەت يۈرگۈزۈپ، قوزغىلاڭ قىلىش ۋاقتىنى كېلىشىۋالىدۇ.

كۆرە قوزغىلىڭى.

شەنشى، گەنسۇنىڭ گېنېرال گۇبېرناتورى چاڭ گىيڭ، شەرقىي ئۈچ ئۆلكىنىڭ گېنېرال گۇبېرناتورى ئەرشۈن، شىنجاڭنىڭ گۇبېرناتورى يۈەن ـ داخۇا، ئىلى جاڭجۈنى جى رۇيى مەخپىي كېڭىشىپ شۈەنتۇڭ خانىغا ئاھالە كۆچۈرۈشىدىن پايدىلىنىپ، قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ پىلانىنى تۈزىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خوبېينىڭ ھەربىي مەمۇرىي ھۆكۈمىتى ئىلىدا تۇرۇشلۇق چاررۇسىيە كونسۇلخانىسى ئارقىلىق ياڭ زېڭشىنگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ ۋۇخەن، چاڭشا قوزغىلاڭلىرىغا تېزدىن ئاۋاز قوشۇش، غەربىي شىمالنى تىنچىتىش ئۈچۈن چىڭ ئوردىسىنىڭ غەربىي شىمالغا ئاھالە كۆچۈرۈش پىلانىنى تارمار قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆز پارتىيىسىدىكىلەر بىلەن مەخپىي كېڭىشىپ شىنخەي يىلى

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېچىسى قوزغىلىش، ھەممىدە يېڭى
تېمىن، خۇاڭ لىيجۇڭلارنى ئەۋەتىپ، جەنزى ئىستىھكاملاپ، ئىلى
ياچۇڭلار شەرقىي دەرۋازىنى ئىگىلەش، شاھەر سىرتىدا تۇر-
غان مالىمەنداۋ، شۇجەنگو، جاڭ گوشەن، چەن كۈاڭخەنلەر
باشلىغان شەبىنياۋ پىيادە قىسمى، ئاتلىق قىسمى قاتارلىق
ھەر قايسى ئەترەتلەر شۇ سەنەتتەي، خۇاڭ ياۋسى باشلىغان
پىدائىيلارغا ماسلىشىپ، شەھەرگە بېسىپ كىرىپ قورال - يا-
راق، ئوق - دورىلارنى قولغا چۈشۈرۈش، خاۋكېچۈەن باش-
لىغان زەمبىرەك ئەترىتى جاڭجۈن مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلىش،
فېڭ داشۇ ناتىپ دوتوڭ مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلىش، لى
مېنجىياۋ، لى يىڭلار شىمالىي ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلىش ھەق-
قىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى بېكىتىلگەندىن كېيىن بۇيرۇق
بىلەن ھەرىكەت قىلىش قارار قىلىندۇ.

ئىلى ھەربىي تەييارلىق مەكتەپ ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى-
لىرى مانجۇلاردىن ئىدى. شەتوڭ مەھكىمىسىنىڭ ئەسكەرلىرى
ئەنچە يىلدىن بېرى بۇلار بىلەن توقۇنۇشۇپ كېلىۋاتقانلىق-
قىدىن ئۇلار شەتوڭنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى.
ئىنقىلابىي قوشۇن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئالدىدا ئەھۋالنى بىس-
لىپ قالغان ھەربىي تەييارلىق مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى چىڭ
شىنمىن شۇئان مەخپىي ھالدا جى رۇيگە ئەھۋالنى مەلۇم
قىلىدۇ. شەھەر ئىچى- سىرتى مانجۇ، موڭغۇل ئەسكەرلىرى
كۈچ جەھەتتە بىر قانچە ئوسمىگەندىن كەم ئەمەس، شەبىياۋ
توپىلاڭ كۆتەرسىمۇ، قورال - ياراق، ئوق - دورىسى كەم
دەپ بىلىپ، مۇشۇ پۇرسەت بىلەن تامام يوقۇتۇپ ئاپەتنى
تۈگەتكىلى بولىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن ئۆز كىچىكە ئىششەن-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com